تۈگمەس ھېكايىلەر

# بېخىل



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇغمەس ھېكايىلەر

# بېخىل

رەسىمىنى سىزغۇچى: مەخمۇتجان تۇردىنىياز

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

该书以书配碟形式出版的维吾尔民间故事有声漫画集《讲不完的故事》系列作品。

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئەمەت
مۇرات ئوبۇلقاسىم
مۇھەررىرى: مەريەمگۈل تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلبەر ئابدۇرېھىم
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەمرۇللا ئەنۋەر
مەسئۇل كوررېكتورى: رىزۋانگۈل ئابلەت

تۈگىمەس ھېكايىلەر

# بېخىل

رەسىمنى سىزغۇچى: مەخمۇتجان تۇردىنىياز
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 - 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىلۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 16／1
باسما تاۋىقى: 2.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
باھاسى: 18.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

بېخىل........................................................................ 2
مىس قازان.................................................................. 8
ئىككى ئالدامچى.......................................................... 24
قارا مۇقچىنىڭ پىيىزى................................................. 36

# بېخىل




ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر بېخىل ئادەم
ياشىغانىكەن. ئۇ كىشى بېخىللىقتا شۇ دەرىجىگە يېتىپ-
تۇكى، ھەتتا ئۆزى يەيدىغان بىر پارچە نانغىمۇ قورسىقى
ئاغرىيدىكەن.


تاماقنىمۇ پەقەت ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈنلا يەي-
دىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئادەم ھەممە نەرسىنى تېجەپ يۇ-
رۇپ نۇرغۇن مال - مۈلۈك، بايلىق توپلاپتۇ.


بىر كۈنى ئۇ ئەتراپىدىكى بايلارغا قاراپ، ئۆزىنى شۇلارغا بىر قۇر سېلىشتۇرۇپتۇ.
ئۇ سېلىشتۇرۇپ ئۆزىدە بىر خىل نو-
مۇس تۇيغۇسى پەيدا بوپتۇ ـ دە، شۇنىڭ كۆ-
چىدىن پۇل كەتسىمۇ بىر ئۆتۈك سېتىۋې-
لىش قارارىغا كەپتۇ.


شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر خۇرجۇنغا ئازراق نان سېلىپ، پوتىسىغا ئاز - تولا پۇلنى تۇگۇپ بازارغا بېرىپتۇ.
بازارغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋەقە بازاردا ھەممە نەرسە تېپىلغۇدەك.


ئۇ بازارنى كەچ كىرگۈچە ئايلىنىپتۇ ۋە نۇرغۇن ئۆ-
تۈكلەرنى كۆرۈپتۇ، تاللاپتۇ، ئەمما پۇلنى قولدىن چى-
قارغۇسى كەلمەي قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.
كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە دەللال ئولىشىپتۇ، ئۇلار
نۇرغۇن تالاش - تارتىش، سالالار بىلەن ئاخىر بىر سودىگەرنىڭ بىر جۈپ
ئۆتۈكىنى بۇ بېخىلغا 30 تەڭگىگە سودىلىشىپ ئېلىپ بېرىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بېخىل ئۆتۈكنى ئاۋايلاپ سۇرتۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆ-
زىچە پارقىرىتىپ كىيىپ، غاچىلداتقان پېتى يېزىسىغا قاراپ مېڭىپ
كېتىپتۇ.


ئۇ ئادەملەر ئاز، چەت بىر يەرگە كەلگەن-
دە، ئۆتۈكنى يېشىپ خۇرجۇنغا ساپتۇ ـ دە،
يالاڭئاياغ ھالدا يولىغا راۋان بوپتۇ.
ئۇ كېتىۋېتىپ، چوڭقۇر ۋە كەڭرەك بىر ئېرىققا دۇچ كەپتۇ.
ئۇ ئېرىققا قاراپ :«توختا، كۈچەپ سەكرىسەم، بەلكىم ئۆتۈپ كېتە-
لىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بارلىق كۈچىنى يىغىپ سەكرەپتۇ.


ئېرىقتىكى سۇ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن ئۆزىنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي قاپتۇ. بېخىل تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە قىرغاققا چىقىپ پۇتىنى قۇچاقلىغان پېتى بىر ھازاغىچە ۋايجانلاپتۇ.
بېخىل «پولتوڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئېرىقنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇچلۇق قوزۇق پۇتىغا سانجىلىپ كېتىپتۇ.
بېخىل بىر ئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ پۇتىغا سەپسېلىپ قارىسا، ھەقىقەتەن خېلى بەكلا زەخىملەنگەنىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ھېلىمۇ ياخشى ئۆتۈكنى سېلىۋېتىپتىكەنمەن، ئەگەر بۇ ئەقىل كاللامغا كەلمىگەن بولسا، 30 تەڭگىلىك ئۆتۈكۈم مۇشۇ يەردىلا تۆگىشىپ 30 تەڭگەممۇ بىكارغا كەتكەن بولار ئىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقسىغان پېتى خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

# مىس قازان


بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ مىس
داش قازىنى بار ئىكەن.


بۇ قازان بەكمۇ يوغان بولغاچقا، پەقەت ئىشلىتەلمەپتۇ.


ئۇ ئادەم بۇ قازاننى قازانچىنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ،
ئىككى قازان قىلدۇرماقچى بوپتۇ.


قازانچى بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە باشقىچە بىر خىيالنى پۈ-
كۈپتۇ ـ دە: «ھە، بولىدۇ، ئىككى قازان قىلىپ بېرەي، بىر ھەپ-
تىدىن كېيىن كەلسىلە ـ ھە» دەپتۇ.
قازاننىڭ ئىگىسى ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ.


قازاننىڭ ئىگىسى ھەپتىدىن كېيىن كېلىپ سوراپتۇ: «ئۇستام، قازان پۈتتىمۇ؟»
«يوقسۇ، قازاننىڭ مىسى بەك بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ئىككى قازان چىقمىغۇدەك جۇمۇ» دەپتۇ قازانچى. قازان ئىگىسى: «ئۇنداق بولسا، بىر قازان چىقار، بىر قازان بولسىمۇ ياساپ بەرسىلە» دەپتۇ.
— ماقۇل، ئۇنداق بولسا يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە جۇمۇ» دەپتۇ قازانچى.
قازان ئىگىسى بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ كەپتۇ.
قازانچى ۋايساپ: «ھەي، قارىمامدىغان بۇ ئىشنى، بىر قازانمۇ چىقمىدى» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




قازانچى: «ۋاي ئاكا، چۆگۈنگە تۇشلۇقمۇ مىس يوق ئىكەن
ئەمەسمۇ» دەپتۇ.
قازان ئىگىسى: «ھە، ئۇنداق بولسا، بىر قوشۇق يا-
ساپ بەرگەن بولسىلا» دەپتۇ.
«ھە، ماقۇل، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە ئەمىسە» دەپتۇ قازانچى.


قازان ئېگىسى كۈننى ساناپ بىر ھەپتىنى ئاران توشقۇزۇپ كەلسە،
قازان ئېگىسى ئۆيىگە قايتىپ، دېمى
ئىچىگە چۈشۈپ، يەنە بىر ھەپتە سۈكۈت
قىلىپ ساقلاپتۇ.
قازانچى يەنە مۇنداق دەپتۇ: «ۋاي ئاكا، قوشۇق ياسىغۇ-
دەكمۇ مىس چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ!»
قازان ئېگىسى خاپا بولماي، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ: «جېنىم ئۇستام، بۇ قازان
ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان نەمۇنە ئىدى، شۇ قازاننىڭ ئىزى يوقاپ كەتمىسۇن.
ھېچبولمىغاندا بىر بىگىز چىقار، خاپا بولماي بىر بىگىز ياساپ بەرگەن بول-
سىلا» دەپتۇ. قازانچى «ماقۇل» دەپتۇ.


قازان ئىگىسى يەنە سەۋر قىلىپ ھەپتىدىن كېيىن كەپتۇ.
— ۋاي ئاكا، بىگىز قىلغۇدەكمۇ بىر نەرسە چىقمىدى جۇمۇ، — دەپ قاپاق-
نى تۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.
قازاننىڭ ئىگىسى ئۆز ئىشىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

www.uyghurkitap.com







شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ شاگىرتىغا دەپتۇ: «ئۇ ئادەم نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان تازا ساددا
ئادەم ئىكەن. بىز ئۇنىڭ قازىنى بىلەن قانائەتلەنمەي: ‹قازىنىڭىزنى بۇزۇپ ئىككى قازان قىلىشقا، ئاندىن بىر قا-
زان قىلىشقا، ئارقىدىن چۆگۈن قىلىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ بولماي قوشۇق قىلىشقا، ھەتتا بىگىز قىلىشقا
بىرقانچە كۈن ئەمگەك قىلدۇق، شۇ ئەمگىكىمىزنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىڭ› دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى!»


شۇ مەسلىھەت بويىچە، بىر كۈنى قازانچى شاگىرتى بىلەن قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە بې-
رىپتۇ. ئۇ ئىككى تاغارنى ئېشەككە ئارتىپ ھېلىقى قازان ئىگىسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ.

www.uyghurkitap.com




«سىلىنىڭ قازانلىرىنى ياسايمىز دەپ بىرقانچە كۈن ئەم-
گەك قىلدۇق، ئەمدى ئىش ھەققىمىزنى بېرىۋەتسىلە!» دەپ تۇ-
رۇۋاپتۇ قازانچى.
«ھە، قانچىلىك بىر نەرسە بەرسەم بولار؟» دەپ سو-
راپتۇ قازاننىڭ ئىگىسى. قازانچى بولسا تەمتىرىمەس-
تىن: «ئىشىك تۈۋىدە شاگىرتىم بار، ئۇ سىرتتا تۇرۇپ
تۇرىدۇ، سىلى بېرىدىغاننى بېرىپ ، شۇنىڭدىن ‹بولدى-
مۇ؟› دەپ سورىسىلا» دەپتۇ.
قازان ئىگىسى ئۆچىنى ئالىدىغان
پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.
ئۇزاقتىن بېرى قازاننىڭ ئەلىمىدە تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن قازان ئىگە-
سى ئىشىكنى ئېتىپ، ئوچاق يېنىدىكى يوغان بىر كالتەكنى ئاپتۇ.

www.uyghurkitap.com







باياتىن بېرى ئۇستامغا قوناق سوقۇپ بېرىۋاتقان بولسا كېرەك،
دەپ ئويلىغان شاگىرت، ئۇستىسىنىڭ يولدىكى جېكىلىشى بويىچە:
«يوقسۇ، ئاز بولۇپ قالدى، يەنە...... يەنە...... بەرسىلە!» دەپتۇ.
ئۇ ھېرىپ كەتكەچكە، تالادىكى شا-
گىرتىدىن: «بولدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.
قازان ئىگىسى قازانچىنى يەنە ئۇرۇپتۇ. ھېرىپ كېتىپ: «بولدىمۇ» دېسە،


شاگىرتى: «يەنە، يەنە......
بەرسىلە» دەپتۇ.
ئۆي ئىگىسى يەنە ئۆرۈۋېرىپتۇ.
قازان ئىگىسى قازانچىنى ئۆرۈپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپتۇ. ئاخىر ئىشىكنى ئېچىپ شاگىرتىغا: «ئەمدى كىرىپ
ئۆزۈڭ قاراپ باق، بولارمىكى» دەپتۇ. شاگىرت كىرسە، ئۇستىسى يېرىم جان ياتقۇدەك.


قازان ئىگىسى جازانىخور قازانچىنى ئۇرۇۋېرىپ ناھا-
يىتى ھېرىپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن
دەردىنى چىقىرىۋالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.
قازانچىنىڭ شاگىرتى قورقۇپ كېتىپ، ئۇستىد-
سىنى دەررۇ ئېشەككە ئارتىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.
يولدا ئېشەك قېرىشقاندەك قاشاڭلىق قىلىپ ماڭغىلى ئۇنى-
ماي، شاگىرت ئارغامچىنى كۈچەپ تارتىپ ئاران ماڭدۇرۇپتۇ.


بىر چاغدا ئۇستىسى كۆزىنى ئېچىپ ئاچچىقىدا شاگىرتىغا قاقشاپ كېتىپتۇ: «هوي،
نېمانداق قىلىسەن؟ ئۇ ئۆرۈپ هارسا، سەن تالادا تۇرۇپ ‹يەنە› بىرىڭ، يەتمەيدۇ دەۋاتىسىنا.»


«ئۇستام، ئۆزلىرى يولدا كېتىۋېتىپ ‹بولدىمۇ؟› دېسە، سەن تالادا تۇرۇپ ‹ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە ئازراق......› دې-
گىن دېمەيمىدىلە؟ مەن، قوناق سوقۇپ بېرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ‹بولدىمۇ؟› دېسە ‹ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە بەرسىلە......›
دەۋېرىپتىمەن. ئۇنىڭ قوناق ئورنىغا كالتەك بەرگىنىنى نەدىن بىلەي» دەپتۇ شاگىرتى قورقۇمسىراپ.


ئىككى ئالدامچى
بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئالدامچى بولـ-
غانىكەن. بىرى، كونا شەھەرلىك باقى، يەنە
بىرى، يېڭىشەھەرلىك ساقى ئىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى ئالدامچى يېڭىشەھەر بىلەن
كوناشەھەر ئارىلىقىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. باقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر
قاپ قوي مايىقى، ساقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ تۆگە مايىقى بار
ئىكەن.
«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساقى، نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ باقى.
«سىلەرنىڭ شەھەرگە كېتىۋاتىمەن، ئۇ ياقتا ياڭاق قىممەت دەپ ئاڭلىدىم، مۇنۇ يوغان ياڭاقلارنى پۇل قىلىپ كېلەي» دەپتۇ
ساقى.
«ھە، مەنمۇ سىلەر تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ باقى، ــ سىلەرنىڭ شەھەردە ئۈزۈم قىممەت دەپ ئاڭلايمەن. بىر قاپ ئۈزۈم
ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، ــ باقى ساقىنى ئالدىماقچى بوپتۇ، ــ ئىككىلەن ۋاقتىمىزنى بىكارغا زايە قىلمايلى! ئۇنىڭدىن كۆرە،
ساتقىلى ئەكېتىۋاتقان نەرسىلىرىمىزنى تېگىشىپ، ھەرقايسىمىز ئۆز شەھىرىمىزگە ئاپىرىپ ساتساق بولمامدۇ؟»
«ئۇنداق بولسا قاپلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى ئاچمايلا تېگىشەيلى جۇمۇ» دەپتۇ ساقى.
شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئۆشنىسىدىكى قاپلىرىنى تېگىشىپ، ئۆز مەھەللىلىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئىككى ئالدامچى
بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئالدامچى بولغانىكەن. بىرى، كونا شەھەرلىك باقى، يەنە بىرى، يېڭىشەھەرلىك ساقى ئىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى ئالدامچى يېڭىشەھەر بىلەن كوناشەھەر ئارىلىقىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. باقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ قوي مايىقى، ساقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ تۆگە مايىقى بار ئىكەن.
«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساقى، نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ باقى.
«سىلەرنىڭ شەھەرگە كېتىۋاتىمەن، ئۇ ياقتا ياڭاق قىممەت دەپ ئاڭلىدىم، مۇنۇ يوغان ياڭاقلارنى پۇل قىلىپ كېلەي» دەپتۇ ساقى.
«ھە، مەنمۇ سىلەر تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ باقى، — سىلەرنىڭ شەھەردە ئۈزۈم قىممەت دەپ ئاڭلايمەن. بىر قاپ ئۈزۈم ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — باقى ساقىنى ئالدىماقچى بوپتۇ، — ئىككىلەن ۋاقتىمىزنى بىكارغا زايە قىلمايلى! ئۇنىڭدىن كۆرە، ساتقىلى ئەكېتىۋاتقان نەرسىلىرىمىزنى تېگىشىپ، ھەرقايسىمىز ئۆز شەھىرىمىزگە ئاپىرىپ ساتساق بولمامدۇ؟»
«ئۇنداق بولسا قاپلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى ئاچمايلا تېگىشەيلى جۇمۇ» دەپتۇ ساقى.
شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئۆشنىسىدىكى قاپلىرىنى تېگىشىپ، ئۆز مەھەللىلىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




جىلىل بايغا مال بېقىپ بېرىشكە بىر مالچى، چوڭ قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە بىر مالاي لازىم ئىكەن. باقى مال باقماقچى، ساقى قورۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلماقچى بولۇپ ئىشقا كىرىشىپتۇ.
باقى ئەتىگەن تۇرۇپ، بىر پارچە قاتتىق ناننى قوينىغا سېلىپ، بىر قوتان مالنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇ دالىدا ئەتىدىن كەچكىچە كۈنگە قاقلىنىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن سۇغا زار بولغانىنىڭ ئۈستىگە، تاراپ كەتكەن ماللارنى يىغىمەن دەپ يەتكۈچە جاپا تارتىدىكەن. تاپىنىغا كىرگەن تىكەنلەر پۇتىدىن قان ئېقىتسا، تاپاندىن ئۆتكەن ئىسسىق كۆزىدىن ياش چىقىرىدىكەن. باقى بىرىنچى كۈنلا شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىپتۇكى، ئېلىپ كەلگەن قاتتىق ناننى يېيىشكىمۇ دەرمانى قالماي، كەچقۇرۇن ئۆلەي - ئۆچەي دەپ ئۆيگە ئاران كېلىۋاپتۇ.
ھويلا - ئاراننىڭ ئىشىمۇ ساقىغا ئاسان چۈشمەپتۇ. ئۇنىڭغا ئازراق دەم ئېلىپ، بىرەر چىشلەم بىر نەرسە يېۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقماپتۇ. ئۇ راسا ھېرىپ، ھالى قالماي ھويلا سۈپۈرۈۋاتقاندا، توپىنىڭ ئارىسىدىن بىر كۈمۈش پۇل تېپىۋاپتۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى توق بولۇپ، باقى كەلگەندە راسا ماختىنىپ، ئۇنى بىر ئالداشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.
كەچلىكى ئۇلار ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ: «پاھ، ئاغىنە! مالچى بولۇش نېمىدېگەن ياخشى، راھەت ۋە كۆڭۈللۈك، مالنى يىغىپ قويىسەن - دە، ئۇخلايسەن، بىر كۈننى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىسەن، ئۆيگە كەلگەندە، باي ئاتام بىلەن ئاغچا ئانام قەنت بىلەن چاي، بوغۇرساق بىلەن ماي بېرىدۇ. نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن دېسەڭ، شۇ تەييار. شۇڭا، قوينۇمدىكى ناننىمۇ يېمىدىم، كۆردۇڭمۇ؟» دەپتۇ باقى ناننى كۆرسىتىپ.

www.uyghurkitap.com




باقى ئىشنىڭ جاپاسىغا چىدالماي كەچكە يېقىن تىكىۋېتىپتۇ.
ساقىمۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ «خەپ» دې-
گىنىچە باينىڭ ماللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ.
كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ
قاپتۇ. «قوشماق مېغىزدەك يېقىن دوستلار تۇرۇپ، نېمە ئۈ-
چۈن بىر - بىرىمىزنى ئالداپ يۈرىمىز؟ ئۈنىڭدىن كۆرە
ئىناق بولۇپ، باشقىلارنى بابلايلى» دېيىشىپتۇ ئۇلار.


ئۇلار قاراۋۇللارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خەزىنىنىڭ ئۆگزىسىنى تېشىپتۇ. باقى ساقىنى ساندۇققا سېلىپ ئارغامچا بىلەن خەزىنىگە چۈشۈرۈپتۇ.
مەسلىھەتلىشىپ خانىنىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ. باقى بىر ئارغامچا، ساقى بىر ساندۇقنى ئېلىپ، خانىنىڭ خەزىنىسىگە كېچىلەپ يېتىپ كەپتۇ.
ساقى ساندۇقتىن چىقىپ، چوڭقۇر خەزىنىنىڭ تېگىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.


«توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر» دەپتۇ باقى. ساقى ئاغىنىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلگەچكە، «ساندۇقنى لىق توشقۇزسام، ساندۇقنى تارتمۇۋېلىپلا، مېنى تاشلاپ قاچمىسۇن» دەپ ئويلاپتۇ.
ساقى ساندۇقنى يېرىمىغىچە ئالتۇنغا توشقۇزۇپ، با- قىغا قاراپ: «يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.


ساقى ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئۆزى چۈشۈپ «تارت!» دەپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزى يېپىلا- يېپىلمايلا باقى ساندۇقنى بار كۈچى بىلەن تارتىۋاپتۇ.
ئاندىن ئۇ ھېلىقى تۆشۈكتىن خەزىنە ئىچىگە قاراپ: «ھەي قارا يۈز، مېنى ئالداپ نېمە ئىشلارنى قىلمىغانىدىڭ؟! ئەمدى مەن ئالتۇننى ئالدىم، سەن خەزىنىدە قالدىڭ، ئەتە ئۆزۈڭنى داردا كۆرىسەن» دەپ، شامال ھەيدىگەن قامغاقتەك يولغا راۋان بوپتۇ.



لېكىن، خەزىنە يېنىدىن ئانچە يىراققا بارمايلا، نەپسى تاقىلداپ ئالتۇنلارنى كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئاجرىتىدىغان ئادەم يوق، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تازا مۇشتلاپ، ئاغزى - بۇرنى قانغا بويۇلۇپتۇ.


پادىشاھنىڭ خەزىنىسى ئەتراپىدا ئۇخلاۋاتقان لەشكەرلەر بۇ ئۇپۇر - توپۇرنى ئاڭلاپ ئۇيقۇسىنى ئې-
چىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ساندۇق ئالتۇننىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم تازا مۇشتلىشىۋاتقۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قارامۇقچىنىڭ پىيىزى










قاسساپ بولسا دائىم ئۆنىڭغا گۆشلۈك، ماي-
لىق پېتىر مانتا، قورداق، پولو، پەرمۇدە دېگەندەك
ئېسىل تائاملارنى ئەتكۈزۈپ بېرىدىكەن.


ئەمما، موللا ئاخۇن ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق غى-
زاغا ئېغىز تەگكەن ھامانلا: «ھاي ـ ھاي، بىزنىڭ قارا-
مۇقچىنىڭ پىيمىزىدا غىزا قالتىس ئوخشايدۇ جۇمۇ!»
دەيدىكەن.


ئۇنىڭ دائىم قاسساپنىڭ گۆش، مېيىنى
تىلغا ئالماي، ئۆزىنىڭ پىيمىزىنى ماختاپ غىزا-
لىنىشى قاسساپنىڭ بەكمۇ جېنىغا تېگىپتۇ.


شۇنىڭ بىلەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە موللا ئاخۇن قاسساپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، قاسساپ خوتۇنىغا: «خوتۇن، بۈگۈن غىچلا پىياز چاناپ، پەقەت گۆش - ماي ئارىلاشتۇرماي بىر تەخسە چىققۇدەك پىتىر مانتا تۈگۈپ قويە. ئۆزىمىزگە گۆشتە ئادەتتىكىدەك تۈگسەڭ بولىدۇ» دەپ تاپىلاپتۇ.
خوتۇن ئېرىنىڭ دېگىنىچە تاماقنى تەييارلاپتۇ.
داستىخان سېلىنىپ، ھورى پۇرقىراپ، تىترەپ تۇرغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ. قاسساپ ھېلىقى ئالاھىدە تەييارلانغان پىياز مانتىسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.
«قېنى بېقىڭلار بۇرادەر!» دەپتۇ قاسساپ مېھماننى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ.
موللا ئاخۇن قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن مانتىدىن بىرنى يېۋېتىپتۇ. ساھىبخانىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە بىرنى تەستە يەپتۇ. ئەمما، قاڭسىق پىيازنىڭ تەمى كۆڭ- لىنى ئاينىتىپتۇ - دە، داستىخانغا قايتا قول ئۇزاتماپتۇ.

www.uyghurkitap.com





موللا ئاخۇن ئۇنىڭدىن بىرنى يەپتىكەن، ناھايىتى مەززىلىك تېتىپتۇ.
«ھە، ماۋۇنىڭ تەمى بۆلەكچىلا ياخشىكەنغۇ!» دەپتۇ ئۇ.
قاسساپ تەنىلىك كۈلۈمسىرەپ: «ئاۋۇ بولسا قارامۇقچىنىڭ داڭلىق پىيىزى بىلەنلا توگۇلگەن مانتا، ماۋۇنىڭغا بولسا قاسساپنىڭ گۆش - يېغىمۇ ئارىلاشتۇرۇلغان. دېمەك، قارا مۇقچىنىڭ پىيىزىغا قاسساپنىڭ گۆش - يېغى ئارىلاشمىسا تاماقنىڭ لەززىتى بولمايدۇ بۇرادەر!» دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان موللا ئاخۇن خىجىلچىلىقتا لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بازارغا كىرسە ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا قارا مۇقچىنىڭ پىيىزى توغرۇلۇق پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدىغان بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

小气鬼：维吾尔文 / 买合木提·吐尔尼亚孜编绘. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社, 2015.2
(维吾尔民间故事有声漫画集《讲不完的故事》)
ISBN 978-7-5373-3673-4

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①买… Ⅲ. ①漫画-作品集-中国-现代 Ⅳ. ①J228.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第043261号

策　　划：艾尔肯·艾麦提
　　　　　木拉提·吾布力哈生木
编　　辑：麦尔耶姆·图尔荪
责任编辑：迪丽拜尔·阿不都热依木
美术编辑：艾木热拉·艾尼瓦尔
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提

讲不完的故事 —— 小气鬼

| | |
|---|---|
| 漫画创作 | 买合木提·吐尔尼亚孜 |
| 出　　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　　话 | 0998-2653927 |
| 地　　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　　编 | 844000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆一龙印刷有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/16开本 |
| 印　　张 | 2.75 |
| 版　　次 | 2015年4月第1版 |
| 印　　次 | 2015年4月第1次印刷 |
| 定　　价 | 18.00元 |

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **ئەمرۇللا ئەنۋەر**





ISBN 978-7-5373-3673-4
9 787537 336734 >
定价：18.00元